«ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەسپلەر يىرىك پىلانى قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى. چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى باسقۇچى، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتنىڭ يېڭى ئالدىنقى سېپىنى چىڭ كۆزلەپ، سۈپەتنى بىرىنچى ئورۇنغا، ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، زامانىۋى پۇل مۇئامىلە، ئادەم كۈچى بايلىقى ماس تەرەققىي قىلىدىغان كەسىپ سىستېمىسىنى تېزدىن بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش قۇتۇپىنى پائال بەرپا قىلىش كېرەك.

قاراماي بۇلۇت ھېسابلاش كەسپلەر باغچە رايونى ئاپتونوم رايوننىڭ «تيانشان بۇلۇتى» پىلانىدىكى يادرولۇق بازا، شۇنداقلا پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى بىردىنبىر بۇلۇت ھېسابلاش كەسپلەر باغچە رايونى. چېن چۈەنگو بۇ يەرگە كېلىپ، باغچە رايونى يىرىك پىلانى، تىجارەت باشقۇرۇش، ئۇچۇر كەسپىنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: يېڭىچە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇچۇر تېخنىكىسى، تور تېخنىكىسى جەھەتتىكى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك.

چېن چۈەنگو تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا قاراماي شەھىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قارامايىنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك ئىشلاردا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش كېرەك. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى بوشاشتۇرماسلىقتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ئېغىزلار، نۇقتىلىق مەيدان ـ سورۇنلار، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا قارىتا دەل جايىدا، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى سىجىل ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا بوشاشماسلىق كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، سېلىنمىنى كېڭەيتىش، ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈش، تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇشقا كۈچەپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، خاس، ئەۋزەل كەسپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئاچقۇچلۇق ئىسلاھاتلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مىقدارى، سۈپىتىنىڭ سىجىل ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاشتا بوشاشماسلىق كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى، بولۇپمۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش سىياسەتلىرىنى سىجىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە ئاممىغا ياردەم بېرىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، بەخت ـ سائادەتنى ئاشۇرۇپ، تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇشتا قەدەمنى توختاتماسلىق كېرەك. «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىپ، كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تولۇق قوزغىتىش كېرەك. جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشتا تەۋرەنمەسلىك كېرەك. ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، ھوشيارلىقنى دائىم ساقلاپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، ئۈنۈملۈك بولغان مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىدە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئامما خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، بىختەر ئىشلەپچىقىرىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن لىيۇ جيەنشىن قاتارلىقلار بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم جاۋاب خېتىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق دەۋر بۇرچىنى زىممىمىزگە ئېلىپ، بوران ـ چاپقۇندىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن ئېغىر يۈكنى زىممىمىزگە ئېلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز.

باش شۇجىنىڭ مۇھىم جاۋاب خېتىنى ئۆگىنىپ، ئىلى سىفەن داشۆسى ئېلېكترون ۋە ئۇچۇر قۇرۇلۇشى شۆبىۋەنىدىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى زاۋ لىڭنىڭ ئۇزاققىچە ھاياجىنى بېسىلمىدى.

«باش شۇجىنىڭ ناھايىتى ئالدىراشلىق ئىچىدىن قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ جۇڭگو نېفىت داشۆسى(بېيجىڭ) قاراماي مەكتەپ رايونىدىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا جاۋاب خەت قايتۇرغانلىقى باش شۇجىنىڭ كەڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، كۆيۈنگەنلىكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى.» زاۋ لىڭ مۇنداق دېدى: ئوقۇش پۈتكۈزۈش مەزگىلى يەنە يېتىپ كەلدى، ئەتراپىمدىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەن، ئىچكىرى رايونلاردىن كەلگەن نۇرغۇن ساۋاقداشنىڭ شىنجاڭدا قېلىشنى، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنى تاللىغانلىقىنى كۆرۈپ چوڭقۇر تەسىرلەندىم. مۇشۇ جايدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شىنجاڭلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن، زاۋ لىڭمۇ شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قاتلىمىدا خىزمەت قىلىشنى تاللىدى.

زاۋ لىڭ مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجىنىڭ سەممىي تەلىمى ۋە سەممىي تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۇلۇغۋار غايە تىكلەپ، پۇختا قەدەم ئېلىپ، جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلاردىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن دەۋر بۇرچىنى زىممىمگە ئېلىپ، ھەر مىللەت خەلق بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ، بىرلىكتە گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىمەن.

ئاقسۇ كەسپىي تېخنىكا شۆبىۋەنىنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى شەھىدە راخمان ھازىر توقسۇ ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىدىكى بىر پىراكتىكانت. شەھىدە مۇنداق دېدى: جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قاتلىمى تېخىمۇ كۆپ داشۆسىڭلارغا ئېھتىياجلىق، مەكتىپىمىزدىكى بۇ يىل ئوقۇش پۈتكۈزگەن 2600دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ %80ى جەنۇبىي شىنجاڭدا قېلىشنى تاللىدى. «بىز چوقۇم باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم جاۋاب خېتىنىڭ روھىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزدە ئەمەلىيلەشتۈرىمىز، خىزمەت ئورنىمىزدا چېنىقىشنى قوبۇل قىلىپ، قابىلىيىتىمىزنى ئاشۇرۇپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆھپە قوشىمىز!»

«باش شۇجى شى جىنپىڭ جاۋاب خېتىدە كۆپچىلىكنى چوڭ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىگە ئالالايدىغان غەربىي قىسىم قۇرغۇچىلىرىدىن بولۇشقا ئىلھاملاندۇردى، مەن تولىمۇ ئىلھاملاندىم، مەسئۇلىيىتىمنىڭ ئېغىر، زور، بۇرچۇمنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.» شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسى ئۇچۇر باشقۇرۇش شۆبىۋەنىنىڭ دوتسېنتى گو جىنجۈن مۇنداق بىلدۈردى: «كەسپىي دەرس ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ھەربىر سائەتلىك دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ تەييارلاپ، ھەربىر بىلىم نۇقتىسى ئارقىسىدىكى ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئامىللارنى تولۇق قېزىپ، قىممەت ئارقىلىق يېتەكلەش، ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش، بىلىم ئۆگىتىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىشقا يېتەكلەپ، تەربىيەلەپ، ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتى، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ئىرادىسى، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش قەلبىنى ۋەتەننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ئۇلۇغ ئىشلىرىغا سىڭدۈرىمەن، خەلقنىڭ تارىخنى يارىتىش ئۇلۇغ كۈرىشىگە سىڭدۈرىمەن».

«بۇ ئىككى كۈندە، پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار سۆھبەت يىغىنى، باش تېمىلىق پارتىيە دەرسى قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر ئارقىلىق باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم جاۋاب خېتىنى بىرلىكتە ئۆگىنىپ، كۆپچىلىك تولىمۇ ئىلھام ئالدى.» شىنجاڭ داشۆ پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شۇ شيەنبى مۇنداق بىلدۈردى: مەكتىپىمىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم جاۋاب خېتىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەڭ ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، ۋەتەن ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلارغا بېرىپ، پۇختا قەدەم ئېلىپ، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ غايىلىك، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك، خەۋپ ـ خەتەردىن قورقمايدىغان، باتۇرلۇق بىلەن بۇرچىنى زىممىگە ئالىدىغان مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا تەربىيەلەيدۇ، يېتەكلەيدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دەل مۇشۇ 30 نەچچە يىلدا، ئاقسۇ باغ ـ ئورمانچىلىق ساھەسىدىكى تونۇلمىغان قوشۇمچە رولدىن ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ باغ ـ ئورمانچىلىقىدىكى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونىغا ئايلاندى، باغ ـ ئورمان مەھسۇلات مىقدارى پۈتۈن شىنجاڭنىڭكىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەپ، ئالما، ياڭاق ۋەكىللىكىدىكى ھۆل، قۇرۇق مېۋىلەرنىڭ نامى پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇلدى.

بۇ ئىككى مۆجىزىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا يۈز بېرىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس.

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا، ئەزەلدىن چۆل پېتى تۇرۇپ كەلگەن كۆكيارغا بىرىنچى تۈركۈم ئېھاتە ئورمىنى تىكلىگەندىن كېيىن، قۇرغۇچىلار بۇ يېشىللىقنى قانداق قىلىپ داۋاملاشتۇرۇش ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. بۇ يەردە باغ ـ ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۆزگىچە ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكى ھۆكۈم قىلىنىپ بېكىتىلگەندە، سىياسەت ئارقىلىق باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئېكولوگىيە نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ئويى شۇ ھامان شۇ جايدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسىگە كىردى ھەم تېزدىن يولغا قويۇلدى. كۆكيار قۇرۇلۇشى ئېھاتە ئورمىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، ئالما، ياڭاق، چىلان قاتارلىق ئىقتىسادىي ئورمانلار تەدرىجىي يىلتىز تارتتى ھەم بارغانسېرى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى، ئۇ دەل ئاقسۇ ۋىلايىتىدە باغ ـ ئورماننىڭ كەسپلىشىشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

«ئىزچىللىققا ئىگە سىياسەت كۆكيارنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى بىزگە قالدۇرغان قىممەتلىك بايلىق ۋە تەجرىبە» دېدى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى دوۋ ۋېنگۇي. 1986 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئاقسۇدىكى ھەر نۆۋەتلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرى كۆكيار قۇرۇلۇشىنى ئەزەلدىن توختىتىپ قويمىدى. ھەر نۆۋەتتە ئىلگىرىكى ئاساستا يەكۈنلەپ يېڭىلىق يارىتىلىپ، كۆكەرتىش سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. سىياسەتنى يولغا قويۇش يۆنىلىشىنىڭ بىردەكلىكى ئاقسۇنىڭ باغ ـ ئورمانچىلىق تەرەققىياتىنى ئۇزاق مۇددەتلىك مۇقىم مۇھىت بىلەن تەمىنلىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كەسپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورايدى.

«30 نەچچە يىلدا، ئاقسۇنىڭ باغ ـ ئورمانچىلىقىدا باشتىن ـ ئاخىر ئويلىشىلغىنى مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش، قانداق قىلىپ شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ تەرەققىي قىلىش بولدى. كەسپلەرنىڭ مۇقىملىقى ۋە سىجىللىقى كەسپ تەرەققىياتىنىڭ زۆرۈر ئالدىنقى شەرتى» دېدى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى غالىپ ئوسمان. بۈگۈنكى كۈندە، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى كۆكيار چۆللۈكىدە بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان باغ ـ ئورمان كەسپىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 4 مىليون 500 مىڭ موغا يېتىپ، «شىنجاڭنىڭ چوڭ مېۋە پەتنۇسى»دا كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسىمغا ئايلاندى.

مەنپەئەتكە باغلاش مېخانىزمى ئورمان گۈزەل، ئادەملەر باي بولۇشنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى

كۆكيار ئەندىزىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئېكولوگىيە ئۈنۈمى جەھەتتىلا ئىپادىلىنىپ قالماي، باغ ـ ئورمان كەسپى ئۇزاق مەزگىللىك سىياسەت قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، دەل ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشكەن مەنپەئەتكە باغلاش مېخانىزمى كۆكياردىكى بىپايان ئورماننى ھاياتىي كۈچكە تولدۇردى ھەم بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ۋىلايەتتىكى باغ ـ ئورمان كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

كۆكيار كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، «ئورمان بىلەن ئورماننى بېقىش» ئەندىزىسى ئارقىلىق كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىندى. گەن يۈگۈيى دەل شۇ چاغدا دادىسى ۋە ئاكىسى بىلەن ئاقسۇغا كەلگەنىدى. «جاپالىق، ئىنتايىن جاپالىق ئىدى، لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ ئورمان ئىگە بولساڭلا، پايدا ئۆزۈڭلارنىڭ بولىدۇ، دېگەن ۋەدىسىنى ئويلاپ، كېتىشكە كۆزىمىز قىيماي، يىلمۇيىل چىشىمىزنى چىشلەپ داۋاملاشتۇردۇق.» گەن يۈگۈيى مۇنداق دېدى: 1999 ـ يىلىغا كەلگەندە، بىز ئالدىنقى ئون يىلدىكى تەننەرخنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋالدۇق! 2000 ـ يىلى بىز ئۆز بېغىمىزدا ئاقسۇ شەھىرى بويىچە تۇنجى دېھقانلار ئارامگاھىنى ئاچتۇق. بۈگۈنكى كۈندە، دېھقانلار ئارامگاھىدىن بىر يىلدىلا 700 ـ 600 مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايمىز.

كۆكيار قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، سىياسەت پىشاڭى بىلەن جەمئىيەت كاپىتالىنى مەبلەغ سېلىشقا قاتنىشىشقا جەلپ قىلىش چۆللۈكنى كۆكەرتىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىسىگە ئايلاندى. 2013 ـ يىلى، پۇقراۋى كارخانىچى ۋاڭ شياۋپېڭ دەل 50 يىللىق مۇددەتنى بار توختام ۋە نۇرغۇن ئېتىبار سىياسەتلەر بولغاچقا، دادىللىق بىلەن ئىشلەپ، ئونسۇ ناھىيەسىدە «بېغىشۇ مىسىيۈەن» ئالمىنى ئىخچاملاشتۇرۇپ تىكىپ ئۆستۈرۈشتىن ئۆلگە كۆرستىش بازىسى قۇردى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇنىڭ ئالمىلىرى ئومۇميۈزلۈك مېۋىگە كىرىپ، بېيجىڭ، شاڭخەيدىكى سودىگەرلەر بەس ـ بەستە كېلىپ زاكاز قىلدى.

2012 ـ يىلىدىن بۇيان، ئاقسۇ ۋىلايىتى 500 مىليون يۈەن جەمئىيەت كاپىتالىنى كىرگۈزۈپ، 600 مىڭ مودىن ئارتۇق ئورمان بىنا قىلدى. كۆكيار كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىدىن كېيىنكى ئاقسۇ دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، كوڭتەيلىكتىن ئىبارەت مىليون مولۇق ئۈچ ئېكولوگىيەنى تۈزەش رايونىدا ئورمان بىنا قىلىش ئارقا ـ ئارقىدىن قانات يايدۇرۇلدى. «ئېكولوگىيە ئورمىنى، ئىقتىسادىي ئورمان، مەنزىرە ئورمىنىدىن ئىبارەت ئۈچ ئورماننى ئورتاق بەرپا قىلىش» «سۇنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئورمان كۆلىمىنى بېكىتىش، ئورمان بىلەن ئورماننى بېقىش» «كىم تىكسە، شۇ پەرۋىش قىلىش، كىم مەبلەغ سالسا، شۇ پايدا ئېلىش» «بازارلاشتۇرۇپ يۈرۈشتۈرۈش، سېتىۋېلىش شەكلىدە ئورمان بىنا قىلىش»... كۆكيار تەجرىبىلىرى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلىنىپ، يېڭىلىق يارىتىلىپ، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، شۇ جايدىكى باغ ـ ئورمان كەسپىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە ھالقىشىغا تۈرتكە بولماقتا.

ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش يېشىل كەسپنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى سىجىل ئىلگىرى سۈردى

يېشىل كەسپنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتكەندىلا، ئېكولوگىيە پايدىسى ئاندىن ئۈنۈملۈك ھالدا ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىنىڭ بىرى ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تەجرىبە ئورمان مەيدانى كۆكيار قۇرۇلۇشىنىڭ 2 ـ، 3 ـ قارارلىق ئاساسىي جەڭ مەيدانى. بۇ يەر ئاقسۇدىكى ئەڭ بالدۇر چىلان تىكىلگەن جاي بولۇپلا قالماي، يەنە شىنجاڭ چىلىنىنىڭ «كۆچەت مەنبەسى» بولۇپ، چىلان بايلىقى ئامبىرىدىلا 240 خىلدىن ئارتۇق سورت بار. سورتلار موللىشىپ، مەھسۇلات مىقدارى كۆرۈنەرلىك بولغان چاغدا، تەجرىبە ئورمان مەيدانى ئەلا سۈپەتلىك مېۋە مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاپ كەسپلەشتۈرۈش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلىدى.

2016 ـ يىلى تەجرىبە ئورمان مەيدانى تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىپ ئاقسۇ تيانشان شېنمۇ مېۋىچىلىك تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بولۇپ قۇرۇلدى. بەش يىلغا يېقىن ۋاقىتتا، شىركەت مېۋە مەھسۇلاتلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى. «مۇھىت ھەممىدىن مۇھىم، يەر ۋە دەرەخنىڭ ھەممىسى پاكىز بولۇشى كېرەك. بىز پۈتۈنلەي بىيو ئورگانىك ئوغۇت ئىشلىتىمىز، يەردە ئوت ـ چۆپ، سازاڭ بار. چاتاشمۇ قاتتىق كونترول قىلىنغان، مېۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىردەكلىكى كۈچلۈك بولغاچقا، تاۋارلىشىش نىسبىتى ئىنتايىن يۇقىرى.» بۇ شىركەتنىڭ باش مۇدىرى لىيۇ جياڭ مۇنداق دېدى: «ھازىر بىز بازار ئىزدىمەيمىز، بازار بىزنى ئىزدەيدۇ».

خۇڭچېپو جىنۋۇلىيەن ئېلېكترونلۇق سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ پاكىز، ئازادە سېخىدا، ھوسۇل ئېلىش پەسلى كەلسىلا، دۆلەت ئىچىدىكى ئەڭ ئىلغار مېۋە ئايرىش ئۈسكۈنىلىرى توختىماي ھەرىكەتلىنىدۇ. ئىنچىكە پىششىقلاش سېخىدىكى نەچچە يۈز خىل يېڭى مەھسۇلات كۆرۈپ ئۆلگۈرگۈسىز ئىدى. مۇئاۋىن باش دىرېكتور ۋاڭ جۈنبو بىر كىچىك قاپلىق سۇسىزلاندۇرۇلغان ئالما ياپراقچىسىنى ئېلىپ مۇنداق تونۇشتۇردى: «بۇ 100 گىراملا كېلىدۇ، ئەمما سەككىز يۈەنگە ساتقىلى بولىدۇ، بىر كىلوگىرام ئالمىنىڭ باھاسى بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. كەسپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، باغ ـ ئورمان مەھسۇلاتلىرىنىڭ قوشۇمچە قىممىتىنى ئاشۇرۇش يېشىل ئېكولوگىيەلىك يېزا ئىگىلىكىدە ئۈنۈمنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە يەرلىك كەسپ ئىشچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى».

كەسپ ئىشچىلىرى سېخلاردىلا ئەمەس، يەنە ئېتىزلاردىمۇ بار. باغۋەنچىلىك چوڭ ئائىلىسى، كارخانا باشلامچى بولۇش، ھەمكارلىق كوپېراتىپى تارقاق ئائىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈش، ئېلېكترونلۇق سودا بىلەن ئەمەلىي سېتىشنى تەڭ ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت زامانىۋى باغ ـ ئورمان كەسپى ئەندىزىسى ئاقسۇ ۋىلايىتى باغ ـ ئورمانچىلىقىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئومۇميۈزلۈك ئاشۇرۇپ، نەچچە مىليون مو بىپايان ئورمانلىقنى تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە تولدۇرماقتا. باغنى ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ بىرتۇتاش باشقۇرۇشىغا ئوبوروت قىلىپ بېرىپ، كەسپ ئىشچىسى سالاھىيىتى بىلەن قايتىدىن قايتىپ كەلگەن باغۋەنلەردىن تەشكىللەنگەن باغ ـ ئورمان چاتاش، كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق كەسپىي قوشۇنلار پۈتۈن شىنجاڭنىڭ باغ ـ ئورمانچىلىق سەھنىسىدە جانلىنىپ، كۆكيارنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى تيانشاننىڭ جەنۇبىي ـ شىمالىدا ئومۇملاشتۇرىدۇ.

كۆكياردىن باشلانغان كەسپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئەزەلدىن توختاپ قالمىدى، بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك ئۈلگە كۆرسىتىش بېغىدىن 1576سى، دۆلەت ئورمان يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىدىن 2 مىليون مو قۇرۇلدى؛ خۇڭچېپو ئالمىسى، باۋيۈەن ياڭىقى، تيەنشەنگۇڭ چىلىنى جۇڭگونىڭ داڭلىق ماركا مەھسۇلاتى بولۇپ باھالاندى، ياڭاق، نەشپۈت كەسپىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ باغ ـ ئورمان كەسپى دۆلەتنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى ئەۋزەل، ئۆزگىچە كەسپلەر توپى قۇرۇلۇشى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى؛ جېجياڭ، شاڭخەي، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردا 2000دىن ئارتۇق ماركىتېڭ تور نۇقتىسى تەسىس قىلىنىپ، جېجياڭ، شاڭخەينى مەركەز قىلغان چاڭجياڭ دېلتىسى، جۇجياڭ دېلتىسى رايونىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ماركىتېڭ تورى شەكىللەندۈرۈلدى.

شۇ جايدىكى پۇقرالار ئەڭ چوڭ مەنپەئەتلەنگۈچىگە ئايلاندى. 2019 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى دېھقانلارنىڭ باغ ـ ئورماندىن قىلغان ساپ كىرىمى 5015 يۈەنگە يېتىپ، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ %31نى ئىگىلىدى. باغ ـ ئورمانچىلىقتىن ئىبارەت پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت ئامما ئورتاق بەرپا قىلغان بۇ سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئالتۇن تاغ، كۈمۈش تاغقا ئايلاندى، ئۇ يەنە ئۈزلۈكسىز تۈردە كەلگۈسى ئۈچۈن تېخىمۇ مول ئېكولوگىيە بايلىقى ۋە ئىقتىسادىي بايلىق توپلاۋاتىدۇ.